# مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش  تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەسىپ تەرەققىياتى، ئەمگەك كۈچى ساپاسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى قاتارلىق ئەمەلىي شارائىتلارنى چىقىش قىلىپ، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئالغا سىلجىتتى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تۈەنچاڭلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتى، بىڭتۈەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، بىڭتۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش قاتارلىق 11 نۇقتىلىق جەھەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە بىڭتۈەن ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، تۈەنچاڭ، لىيەندۈيلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى تەكشۈرۈپ كۆزىتىلىدىغان مەسىلىدىن 183نى رەتلەپ چىقىپ، 173 تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەكشۈرۈپ كۆزىتىلىدىغان مەسىلىدىن 685نى رەتلەپ چىقىپ، بۇنىڭ 374نى تۈزەتتى؛ بەنزە ئەزالىرى تەكشۈرۈپ كۆزىتىلىدىغان مەسىلىدىن 2016نى رەتلەپ چىقىپ، بۇنىڭ 1148نى تۈزەتتى.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونى مەۋقەنى چېگرادىكى مىللىي رايونلار، دىنىي كەيپىيات قويۇق رايونلار، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر پۈتۈن رايونلۇق مەركەزلىك تۇتاش ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرىكەتنى ئۆزى تاللاشتا يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز جەھەتتىكى تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، تۆت تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىپ، ھەر بىر تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسىگە قارىتا كونكرېت تەدبىرنى تەتقىق قىلىپ تۈزدى، نۆۋەتتە 278 مەسىلە تۈزىتىلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، شىزاڭ يەنە زور كۈچ بىلەن ھۆججەتلەرنى ئىخچاملاپ، يىغىنلارنى ئازايتتى، ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلارنىڭ تارقاتقان ھۆججەتلىرىنىڭ، ئاچقان يىغىنلىرىنىڭ سانى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 44.1%، 43.8% ئازايدى.

### ■ دىققەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش  خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ دىققەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى. شىنجاڭ شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاساسىدا، 113 مىڭ تۇبېركۇليوز ئاغرىقىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلدى؛ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، 361 مىڭ 500 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ۋە 9355 ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىيىپالغان 817 مىڭ 100 ئېغىر نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ زورايتىپ، يىل ئىچىدە ھەر بىر ئائىلىدىن ئاز دېگەندىمۇ بىر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشقا تىرىشتى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللاندى. يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئىلگىرىلەش سۈرئىتى سەل ئاستا بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، بىڭتۈەن تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى بۇ يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 1315 ئائىلىنىڭ يېزا خەتەرلىك ئۆيىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئارقىدا قالغان شى، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ سۆزلىشىپ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئېغىر نامرات تۈەنچاڭلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىزمىتى دەل جايىدا بولماسلىق، ئالاھىدە ئىش ئورنى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالماسلىقى مەسىلىلىرىگە قارىتا، بىڭتۈەن مائارىپ ئىدارىسى ئىقتىسادىي ياردەم سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالاھىدە ئىش ئورنى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپتىكى كەمتۈكلۈكنى پائال تولۇقلىدى.

شىزاڭدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئاممىغا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتىكى 133 تۈرنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ چىقىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يەتتە ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشى، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش، ئاساسىي قاتلام داۋالاش مۇلازىمىتى ئەندىزىسى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىڭ ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى قىيىن بولۇش، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلدۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، داۋالىنىش يوللىرى كەڭ بولماسلىق، ھەربىيدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇشى قىيىن بولۇش، قىيىنچىلىقى بار دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىملار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى. ھازىرغىچە شىزاڭدىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار 562 تۈركۈم قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن 300دىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، قىيىن ئىشنى ھەل قىلىپ بەردى.

### ■ تۈزىتىش جەريانىنى چىڭ كۆزلەش  ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئون سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 1 - تۈركۈمدىكى 94 تارماق، ئورۇنغا بولغان خىزمەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، قاتتىق بولۇشنى باشلامچى قىلىش، ھەقىقىي نازارەت قىلىش، قاتتىق يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، لايىھەلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاش، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىش، دوكلاتنى ئاڭلاپ كۆرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتنىشىش، ئىختىيارىي تاللاپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش، ئايرىم سۆھبەتكە چاقىرتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەرىكەت ھالىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىرغىچە، سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلار، ئورۇنلاردا 568 قېتىم نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى، جەمئىي 503 تۈرلۈك مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ھەر ھەپتىدە قەرەللىك يىغىن ئېچىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئورتاق تەتقىق قىلدى، پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)نىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش دەرىجىسى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى قاتارلىق ئۆلچەملەر بويىچە، 54 تارماق، ئورۇننىڭ خىزمىتىنى ھەرىكەت ھالىتىدە باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، بايقالغان بىخ خاراكتېرلىك، خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، قەتئىي تۈردە ئىدىيەۋى تونۇشى دەل جايىدا بولمىغانلارنى قويۇۋەتمەسلىك، ئۆگىنىش - تەربىيەسى چوڭقۇر بولمىغانلارنى قويۇۋەتمەسلىك، تەكشۈرۈپ كۆزىتىلىدىغان مەسىلىلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمىگەنلەرنى قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلارنى قويۇۋەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى، نۆۋەتتە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كۈچلۈك بولمىغان سەككىز تارماق، ئورۇننىڭ ئاساسلىق رەھبەرىنى چاقىرتىپ سۆزلەشتى.

شىزاڭ مەركىزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش قايتما ئىنكاسى بويىچە تۆت جەھەتتىكى 12 مەسىلە، 34 تۈرلۈك كونكرېت تۈزىتىش ئىشىغا قارىتا، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتەلەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى جايىدا تۈزىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە تەكشۈرۈپ قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايون ئۈچ قېتىم مەخسۇس نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق 654 يىپ ئۇچىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق 22 جىنايەت شايكىسىنى يوقاتتى؛ مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، تۈزىتىش ۋە قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 45 تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسى ۋە 179 تۈرلۈك كونكرېت تۈزىتىش تەدبىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزىتىش نىشانىغا يەتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 20 - قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈش باشلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

2000 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 19 قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنى تەشكىللىدى، داشخەيزى سۇ ئامبىرىدىن جەمئىي 7 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر سۇ تۆۋەنگە قويۇپ بېرىلدى. سىجىل سۇ يەتكۈزۈش تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئېكولوگىيەسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتتى، سۇ يەتكۈزۈلگەن رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ ئورنى زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتى روشەن ياخشىلاندى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك تۈرى ۋە سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، سۇ مۇھىتى ئۈنۈملۈك ياخشىلاندى.

كېيىنكى قەدەمدە، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېكولوگىيەلىك توسمىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىپ، ئىككى قىرغاقتىكى نۇقتىلىق توغراقلىق رايونىغا سۇ تولۇقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەريا چارلاش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، لىنىيە بويىدا قانۇنسىز سۇ تارتىشنى چەكلەپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ مىقدارىنىڭ تولۇق يەتكۈزۈلۈشىگە ھەم پۈتۈنلەي ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

# سەنەۋەر: ھەر كۈنى بەختكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇۋام مېنىڭ ‹كاپىر›لار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماسلىقىمنى تەلەپ قىلىپ، بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم دوزاققا كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن دوزاققا كىرىشتىن بەكمۇ قورقاتتىم، ئەزەلدىن بوۋامنىڭ گېپىگە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېدى سەنەۋەر.

16 ياشقا كىرگەندە، سەنەۋەر بوۋىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئەرگە ياتلىق بولغان، ئىككىيلەن «نىكاھ ئوقۇش» شەكلى ئارقىلىق توي قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتى ئاتالمىش «شەرىئەت» «ئائىلە قائىدىسى»دە غۇۋالىشىشقا باشلىغان.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چىرىتىشى بىلەن، سەنەۋەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلغان، «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىسى بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالمىغان، ھەتتا ئەڭ يېقىنى بولغان ئانىسى ۋە ئاكىسىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقتىن، ناماز ئوقۇمىغانلىقتىن، ئۇ ئۇلارنى «كاپىر» دەپ قارىغان.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن زەھەرلەنگەچكە، سەنەۋەر خاتا يولدا بارغانسېرى ئۇزاپ كەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگەن، ئانىسىنىڭ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن سەنەۋەر قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئوقۇغان.

### ■ تېخىمۇ كۆپ كىشىنى شىنجاڭنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىمەن

تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەسىدە سەنەۋەر ئاخىرى بېكىنمىچىلىكنى تاشلاپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى. «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنى بارغانسېرى نادانلاشتۇرۇۋەتتى، ئىدىيەم ئۆزگەرسىلا ئاندىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلالايتتىم» دېدى سەنەۋەر.

ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، يەنە ئېلېكترونلۇق سودا دەرسىنى ئۆگەندى. تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەنەۋەر تېزدىن خىزمەت تاپتى.

سەنەۋەر مال ساتقۇچىلىق خىزمىتى ناھايىتى مەنىلىك ئىكەن دەپ قاراپ، كۈندە ھەرقايسى جايدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئالاقىلىشىپ، يېپيېڭى تۇيغۇغا تولدى. ئۇ ئەستايىدىل خىزمەت قىلىپ، ھەر بىر خېرىدارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئىككى ئاي خىزمەت قىلىپلا دۇكاندىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچىگە ئايلاندى.

«سەنەۋەر ئىشچان، تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق. ئۇ ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن، ئىشقا چۈشۈپ بىرنەچچە كۈندىلا تور دۇكىنى ئاچتى. ھازىر بىزنىڭ تاۋارلىرىمىز تور ۋە تور سىرتىدا سېتىلىدۇ، سودىمىز ناھايىتى ياخشى» دېدى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى مەخمۇتجان ئابدۇمۆمىن.

قول ھۈنەر بۇيۇملىرى دۇكىنىدىن باشقا، مەخمۇتجان يەنە يان تەرەپتە قۇرۇق مېۋە دۇكىنى ئاچقان بولۇپ، سەنەۋەر دائىم دۇكانغا بېرىپ ياردەملىشىدۇ. «قۇرۇق مېۋىدىن باشقا، شىنجاڭدا يەنە نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر بار. كېيىن ئۆزۈم شىركەت ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىلەن بىللە، گۈزەل يۇرتۇمنىمۇ كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە شىنجاڭنى تونۇتىمەن، شىنجاڭنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىمەن» دېدى سەنەۋەر.

### ■ ياخشى سىڭلىمىز يەنە قايتىپ كەلدى

بۇ يىللاردا، بىر ئىش ئىنچىكە سەنەۋەرنىڭ كۆڭلىدە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت ئېيتىشقا چىقمايتتى. 18 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە، سەنەۋەرنىڭ ئاكىسى تاھىرجان مەممەتتۇرسۇن ئۇنىڭغا ھال رەڭ ھەميان سوۋغا قىلغان. شۇ چاغدا سەنەۋەر ئاكىسىنى «كاپىر» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ سوۋغىسىنى «مۇسۇلمانچە» ئەمەس دەپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدىلا ھەميانىنى تاشلىۋەتكەن. «ئاكامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھازىرغىچە ئېسىمدە، كۆزلىرىدىن ئازابلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن، ئاكامنىڭ كۆڭلىنى ئۇنداق رەنجىتمىسەم بوپتىكەن» دېدى سەنەۋەر.

ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى يۇيۇش ئۈچۈن، يېقىندا، ئائىلە يىغىلىشىدا، سەنەۋەر كۆڭۈل قويۇپ تاللىغان بىر ھەميانىنى ئاكىسىغا سوۋغا قىلدى ھەم چىن دىلىدىن ئاكىسىدىن كەچۈرۈم سورىدى. سىڭلىسىنىڭ سوۋغىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان تاھىرجان ھەميانىنى خېلى ئۇزاققىچە سىلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە سەنەۋەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سەنەۋەر ئەقىل تېپىپتۇ، مېنىڭ ياخشى سىڭلىم يەنە قايتىپ كەلدى».

يېقىندىن بۇيان سەنەۋەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاشخانا ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، رەسمىيەت بېجىرىش، ئورۇن تاللاش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش، ئادەم ياللاش... نۇرغۇن ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇۋېتىپتۇ. سەنەۋەرنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئانىسى بۇۋەجەر ئابدۇكېرىم ئىنتايىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۇنىڭ مىجەزى ئوچۇقلىشىپ كەتتى، تۇغقانلارغا ناھايىتى كۆيۈنىدۇ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يېقىنلاشتى».

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان سەنەۋەر مىسلىسىز يېڭىلىنىپ قالدى. «ئالدىغا قارىساڭ كۈن نۇرىدا ماڭىسەن. ھازىر مەن ھەر كۈنى بەختكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىمەن»، دېدى سەنەۋەر.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە سىجىل كۈچىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تىيانشان سەپىرى پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىتتىپاقىنى يېتىشتۈرۈش، زورايتىشنى تېزلىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ مۇجەسسەملەشنى پىلانلىدى. «بىز جۇڭگو ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزاق ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورنىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودىلىشىش، ئۆلچەملىشىش، تۈجۈپىلىشىشكە قاراپ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ساۋ شياك.

ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسىدىن جەمئىي 47سى بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەرنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش مەركىزىدىن 47سى، 2500گە يېقىن يېزا - كەنت دەرىجىلىك پونكىت - نۇقتا قۇرۇلۇپ، جەمئىي 3 مىليارد 395 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سېتىلىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرگە 180 مىڭ 200 ئادەم قېتىم مۇلازىمەت قىلىندى.